# 21216 - پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ئۇخلاشتىكى پرىنسىپى

## سوئال

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ قانداق ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلىشنى خالايمەن؟، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام كارىۋاتتا ئۇخلامتى ياكى يەردىمۇ؟ ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇيدىغان مۇئەييەن دۇئا بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام بەزىدە كۆرپىدە، بەزىدە تېرىدە، بەزىدە بورىدا يەنە بەزىدە كارىۋاتتا، بەزىدە قۇمدا بەزىدە قارا تاغارنى سىلىپ ئۇخلايتتى.

ئاباد ئىبنى تەمىم تاغىسىدىن بايان قىلىپ، تاغىسى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنى مەسچىتتە بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىغا مىنگەشتۈرۈپ ئوڭدىسىغا ياتقانلىقى كۆردۈم دەيدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 475-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 2100-ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ كۆرپىسى؛ ئىچىگە خورمىنىڭ يۇمشاق پاخاللىرى ئېلىنغان تېرە ئىدى، ياستۇقىمۇ ئىچىگە يۇمشاق خورما پاخلى ئېلىنغان خالتا ئىدى.

مەقسەت: كۆرپىدە ئۇخلاپ ئۇستىگە يېپىنچا يېپىناتتى، ئاياللىرىغا مۇنداق دىگەن: «جىبرائىل ئەلەيھسسالام مەن پەقەت ئائىشەنىڭ يوتقىنىدا ياتقىنىمدا كەلدى». [بۇخارى رىۋايىتى3775-ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ياستۇقىمۇ ئىچىگە يۇمشاق خورما پاخلى ئېلىنغان تېرە ئىدى.

ئۇخلاش ئۈچۈن كۆرپىگە كەلگەندە، مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ياشايمەن ۋە سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن».[بۇخارى رىۋايىتى 7394-ھەدىس].

ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا سۈپلەيتتى، ئىككى ئالقىنىغا ئىخلاس سۈرىسى، پەلەق ۋە ناس سۈرىسىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بەدىنىدىن قولى يەتكەن ئورۇنىنى سىلايتتى، ئالدى بىلەن بېشى ۋە يۈزىنى سىلايتتى،

بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرار قىلاتتى.

ئۇخلىغاندا ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتاتتى، ئوڭ ئالقىنىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قوياتتى، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! بىزنى بەندىلەرنى قوزغايدىغان كۈنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن، كۆرپىسىگە ئورۇنلىشىپ مۇنداق دەيتتى: بىزگە يېمەك بەرگەن، سۇغارغان، كۇپايە قىلغۇدەك رىزىق بەرگەن، ياتىدىغان ئورۇن بەرگەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن. تۇرمۇشىغا كۇپايە قىلغۇدەك رىزىق ۋە ياتىغان ئورنى يوق نۇرغۇن كىشىلەر بار» [مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كۆرپىسىگە ئورۇنلاشقاندا: «ئى ئاللاھ! ئاسمانلار، زېمىنلەر ۋە كاتتا ئەرشنىڭ رەببى، بىزنىڭ رەببىمىز ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ!، دان-ئۇرۇقلارنى ياراتقۇچى، تەۋرات، ئىنجىل، پۇرقاننى نازىل قىلغۇچى ئاللاھ!، ساڭا سېغىنىپ سەن كوكۇلسىدىن تۇتۇپ تۇرغان بارلىق يامانلىق ئىگىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. سەن ھەممىدىن بۇرۇن سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق، سەن ھەممىدىن كېيىن سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە يوق، سەن ئاشكارا سىنىڭ ئۈستىڭدە ھېچ نەرسە يوق، سەن يوشۇرۇن سىنىڭ ئاستىڭدا ھېچ نەرسە يوق، بىزنىڭ قەرزىمىزنى ئادا قىلغىن، بىزنى كەمبەغەلچىلىكتىن قۇتقازغىن». [مۇسلىم رىۋايىتى 2713 ].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدىن ئويغاندا مۇنداق دەيتتى: «بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرگۈزگەن ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» [بۇخارى رىۋايىتى 6312-ھەدىس]. ئاندىن مىسۋاك قىلىپ بەزى ۋاقىتتا ئالى ئىمران سۈرىسى 190-ئايەتتىن 200-ئايەتكىچە ئوقۇيتتى.

مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن! سەن ئاسمانلار، زېمىنلەر ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنىڭ نۇرى، ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن! سەن ئاسمانلار، زېمىنلەر ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن! سەن ھەق، سېنىڭ ۋەدەڭ ھەق، سەن بىلەن ئۇچرىشىش ھەق، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، پەيغەمبەرلەر ھەق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق، قىيامەت ھەق. ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىمان ئېيتتىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، ساڭا قايتتىم، سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن دەۋالاشتىم، ساندىن ھۆكۈم تەلەپ قىلدىم، مېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى، يوشۇرۇن ۋە مەخپىي قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن مېنىڭ ئىلاھىم، سەندىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ھەق مەبۇد يوقتۇر» [بۇخارى رىۋايىتى 1120-ھەدىس].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇخلاپ ئاخىرىدا تۇرۇپ كېتەتتى، بەزىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇخلىمايتتى، ئىككى كۆزى ئۇخلىغان بىلەن دىلى ئۇخلىمايتتى، ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئۇنى ھېچ كىشى ئويغاتمايتتى، ئۆزى ئويغىناتتى.

سەپەردە كېچىدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن تۇرغاندا ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتاتتى، ئەگەر تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ئارام ئالماقچى بولسا، ئىككى جەينىكىنى يەرگە تىرەپ بېشىنى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا قوياتتى، ئۇخلىغاندا ئوتتۇرھال ئۇخلايتتى، ئۇيقۇنىڭ پايدىلىق بولغىنى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۈچتىن بىرگە توغرا كەلگىنىدۇر يەنى سەككىز سائەت ئەتراپىدا. ["زادىل مئاد" 1-توم 155-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.